# WindowsXPنى قاچىلاش ئۇسۇلى

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە ئوپال ئوتتۇرا مەكتەپتىن : ئابدۇغوپۇر ئابدۇكېرىم

ھازىر ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ كومپيۇتېر ئائىلىلەرگە قەدەر سىڭىپ كىرىپ،كىشىلىك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۇسكۇنىگە ئايلىنىۋاتىدۇ.Windowsنىڭ سەھرىي كۈچى بارلىق ئىشلەتكۈچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتىدۇ.كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ Windowsنىڭ بۇرۇنقى نەشرلىرى يېڭىلىنىپ بارلىق ئىشلەتكۈچى WindowsXPگە ماسلىشىپ بېرىۋاتىدۇ ياكى WindowsXPنىڭ يېڭىچە ئىقتىدارلىرىنىڭ قوشۇلىشى،ئىقتىدانىڭ كۈچلۈكلىگى بىلەن ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ كومپيۇتېرلارغاWindowsXPقاچىلىنىۋاتىدۇ.

گەرچە كومپيۇتېر سېتىۋېلىۋاتقانلار كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ،ئەمما نۇرغۇنلىغان ئىشلەتكۈچى WindowsXPنىڭ تەييار قاچىلاقلىق ھالىتىگە ئېرىشكەچكە (ئادەتتە كۆپىنچە ھاللاردا كومپيۇتېر سېتىۋالغان ئورۇن ياكى شەخسىيلەر قاچىلاپ بېرىدۇ) سىستېمىدا كاشىلا كۆرۈلگەندە ئوڭشاشنى ياكى قايتا قاچىلاشنى بىلەلمەي«ئاۋارىچىلىقتىن قورقماي» نەچچە كىلومېتىر يولنى بېسىپ كومپيۇتېر سېتىۋالغان ئورۇنغا بېرىپ كاشىلىنى ئوڭشىتىدۇ ياكى سىستېمىنى قايتا قاچىلاۋاتىدۇ.

بەزى كومپيۇتېر ساتقۇچى شىركەت ، ئورۇن ياكى شەخسىيلەر WindowsXPنىڭ قاچىلىنىش جەريانىدىكى ئاۋارىچىلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن Ghostئارقىلىق سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىدۇ.بۇنداق ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ گەرچە ۋاقىتنى تېجەش ،سىستېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارى ياخشى بولسىمۇ لېكىن دەسلەپكى ئۆگەنگۈچىلەر ۋە سىستېمىنى قاچىلىيالمايدىغانلار ئۈچۈن يەنىلا ئاۋارىچىلىق ۋە چۈشىنىكسىز بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

تۆۋەندە مەن دەسلەپكى ئۆگەنگۈچىلەر ۋە WindowsXPنى قاچىلاشنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان دوستلار بىلەن بىرلىكتە WindowsXPنى قاچىلاشنى كۆرۈپ ئۆتمەكچىمەن.ماڭا ئەگىشىپ مەشغۇلات قىلساڭلار سىلەرنىڭمۇ چوقۇم ياخشى مەشغۇلات قىلالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.

مېنىڭ تەجرىبەمدىن قارىغاندا WindowsXPنى قاچىلاشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى 3خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.


1. Windowsنىڭ WindowsXPدىن بۇرۇنقى نەشرلىرىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قاچىلاش
2. WindowsXPنى پۈتۈنلەي يېڭىدىن قاچىلاش
3. WindowsXPنى پاكىز قاچىلاش

ھازىر كۆپىنچە ھاللاردا مۇشۇ خىل قاچىلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق WindowsXPنى قاچىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.تۆۋەندە بىز مەشغۇلات جەريانىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

## بىرىنچى ، دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قاچىلاش


بۇ خىل قاچىلاشنى ئېلىپ بارماقچى بولساق ئالدى بىلەن Windows9xنى قوزغاتقاندىن كېيىن WindowsXPنىڭ ئوپتىك دىسكىسىنى ئوپتىك دىسكا قوزغاتقۇچقا سېلىپ ،ئوپتىك دىسكا غول مۇندەرىجىسدىكى setup·exeھۆججىتىنى قوش چېكىپ ئىجرا قىلىمىز.(بەزىدە ئوپتىك دىسكا ئاپتوماتىك

قوزغىلىدۇ (1-رەسىم)




1-رەسىم

بۇچاغدا ئېكراندا تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا پەيدا بولىدۇ.بۇنىڭدىن بىرىنچى تۈر «WindowsXPنى قاچىلاش-Microsoft WindowsXP 安装»نى چېكىمىز. 2-رەسىم




2-رەسىم


بۇ ۋاقىتتا سىستېما دەسلەپكى ئۆچۈر توپلاش ھالىتىگە ئۆتىدۇ.ئەگەر WindowsXPنۆۋەتتىكى قاچىلانغان

سىستېما ھۆججەتلىرى ئىچىدىن دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھۆججىتىنى تاپالىسا تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ.3-رەسىم





3-رەسىم

دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قاچىلاشنى خالىساق 3-رەسىمدىكىدەك رامكا چىققاندا «كىيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز. بۇ ۋاقىتتا سىستېما ئىشلەتكۇچىلەردىن قاچىلاش كېلىشىمىنى قوبۇل قىلىدىغان-قىلمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. 4-رەسىم





4-رەسىم

بۇنىڭدىن چوقۇم «مەن بۇ كېلىشىمنى قوبۇل قىلىمەن- 我接受俙个协ـ»نى تاللايمىز.بولمىسا سىستېما قاچىلاشتىن چېكىنىدۇ.تاللاپ بولغاندىن كېيىن«كىيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتا سىستېما ئىشلەتكۇچىلەردىن سىستېمىنىڭ 25خانىدىن تەركىب تاپقان قاچىلاش نومۇرىنى كىرگۈزۈشنى سورايدۇ.5-رەسىم





5-رەسىم

بۇ رامكىدىكى كاتەكچىلەرگە قولىمىزدا بار بولغان WindowsXPنىڭ قاچىلاش نومۇرىنى كىرگۈزىمىز.(ئادەتتە قاچىلاش نومۇرى ئۆپتىك دىسكىدا ياكى ئۆپتىك دىسكىنىڭ ئۇستىدە بولىدۇ) قاچىلاش نومۇرىنى كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز. 6-رەسىمدىكىدەك




6-رەسىم


ئەگەر قاچىلاش نومۇرى خاتا كىرگۈزۈلۈپ قالسا نومۇر خاتا دىگەن ئۇچۇر چىقىدۇ.توغرا كىرگۈزۈلگەن بولسا «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چەككەندىن كېيىن 7-رەسىمدىكى ھالەت چىقىپ قاچىلاش داۋاملىشىدۇ.




7-رەسىم

بۇ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈر كۆزنىكى بولۇپ خالىساق كۆرۈپ باقساق بولىدۇ،ئەگەر قاتتىق دېتاللارنى تەكشۈرمەيلا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولساق «دوكلاتنى كۆرسەتمەسلىك-不要显示报告» نى تاللاپ «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.

بۇ ۋاقىتتا سىستېما توردىن يېڭى ھۆججەتلەرنى كۆچۈرۈپ قاچىلاشنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا سورايدۇ.8-رەسىم





8-رەسىم

ئەگەر قاچىلاش ھۆججەتلىرىنى يېڭىلىماقچى بولساق «ھەئە،...»نى تاللاپ «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.يېڭىلاشنى خالىمىساق«ياق، ...»نى تاللاپ «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.يۇقارقى باسقۇچلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىستېما كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق دېتاللىرىنى بىر قۇر تەكشۈرىدۇ ۋە قاچىلاش تەييارلىق مەشغۇلاتىنى بىجىرىشكە باشلايدۇ ئاندىن دەسلەپكى قوزغىتىش پروگراممىلىرىنى قاچىلاشقا باشلايدۇ. ھۆججەت كۆچۈرۈش مەشغۇلاتى ئېكراننىڭ سول تەرىپىدە يېشىل رەڭلىك ھالەت تالچىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.يېشىل رەڭلىك تالچىنىڭ ئۈستىدە قاچىلاش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت تەتۈر ھېساپلاش شەكلىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ9-رەسىم ۋە 10-رەسىم





9-رەسىم




10-رەسىم

سەل ساقلاپ تۇرغانسىدىن كېيىن سىستېما ئاپتوماتىك ھالدا قايتىدىن قوزغىلىدۇ 11-رەسىم




11-رەسىم


ئەگەر مۇشۇ ۋاقىتتا كومپيۇتېرنى ئۆزىمىز قوزغاتماقچى بولساق ESCكونۇپكىسىنى باسىمىز.بۇ ۋاقىتتا سىستېما قايتىدىن قوزغالماي Windows 9xنىڭ خىزمەت كۆزنىكىگە قايتىدۇ.بۇ چاغدا سىستېمىنى قايتا

قوزغىتىش بۇيرۇقىنى چېكىش ئارقىلىق سىستېمىنى قايتىدىن قوزغاتساق بولىدۇ.دىققەت:مۇشۇ باسقۇچتىن كېيىن سىستېما ئاپتوماتىك قاچىلىنىدۇ.بىز پەقەت ساقلاپ تۇرىمىز.سىستېما قايتىدىن قوزغالغاندىن كېيىن قاچىلاش مەشغۇلاتى بىجىرىلىشكە باشلايدۇ. 12-رەسىم





12-رەسىم

يەنە ئازراق ۋاقىت ساقلىغاندىن كېيىن  كومپيۇتېرغا سەپلەنگەن ئۈسكۈنىلەرنىڭ پروگراممىلىرىنى قاچىلايدۇ.13-رەسىمدىكىدەك:




13-رەسىم

بۆنى قاچىلاپ بولغاندىن كىيىن تور ئۆلىنىشنى قاچىلايدۇ.14-رەسىم




14-رەسىم

بۆ باسقۆچ ئاخىرلاشقاندىن كىيىن سىستېما قاچىلىنىش ئاخىرلىشىشقا باشلايدۇ 15-رەسىم




15-رەسىم

ئاندىن «باشلىنىش»تىزىملىگىدىكى تىزىملىكلەرنى قاچىلايدۇ (لايىھىلەيدۇ) 16- رەسىم




16-رەسىم

يۇقارقى مەشغۇلاتلاردىن كېيىن ھەر قايسى قىسىملارنى تىزىملايدۇ. 17-رەسىم




17-رەسىم

ھەممە لايىھىلەشنى ساقلايدۇ.18-رەسىم




18-رەسىم

سىستېمىنى قاچىلاش جەريانىدا كۆچۈرگەن زاپاس ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرىدۇ.19-رەسىم




19-رەسىم

يۇقارقى مەشغۇلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىستېما قاچىلىنىش ئاخىرلىشىپ سىستېما قايتىدىن قوزغىلىدۇ.20-رەسىم





20-رەسىم

ئەمدى بىز سىستېمىنىڭ ئۆزىمىز قول ئارقىلىق لايىھەلىشلىرىنى ئېلىپ بارىمىز.21-رەسىم





21-رەسىم

بۇنىڭدىن «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتا تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ.22-رەسىم




22-رەسىم

بۇ رەسىمدىكى كۆرۈنۈش WindowsXPنىڭ يېڭى ئىقتىدارلىرىنى ھەر ۋاقىت توردىن چۈشۈرۈپ يېڭىلاپ تۇرۇشنى لايىھىلىگەن كۆچەيتىلگەن ئىقتىدارى بولۇپ سىستېمىنى ھەرخىل ۋىرۇسلارنىڭ ۋە «قارا مېھمان-黑客»لارنىڭ ھوجۇمىدىن ساقلاش ۋە سىستېمىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان.بۇ تۈرنى مۇمكىن قەدەر تاللايمىز ۋە «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىزبۇ ۋاقىتتا تور ئۇلىنىشىنى لايىھەلەش كۆزنىكى چىقىدۇ.23-رەسىم





23-رەسىم

بۇنىڭدىن ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسى بويىچە تور ئۇلىنىشنى تاللايمىزۋە «كىيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز بۇ ۋاقىتتا سىستېمىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش كۆزنىكى چىقىدۇ.بۇنىڭدىنمۇ بىر خىل تۇرنى تاللاپ «كىيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.مەسىلەن:«مەن هازىر تىزىملاتمايمەن- 否-现在不注册»**24**-رەسىم




**24**-رەسىم

بۇ ۋاقىتتا سىستېمىغا ئىشلەتكۈچى نامى كىرگۈزۈش رامكىسى چىقىدۇ.بۇ كۆزنەككە ئۆزىمىز خالىغان بىر ئىسىم كىرگۈزىمىز.**25**-رەسىم




**25** -رەسىم

ئىسىم كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتا لايىھىلەش ئاخىرلاشقانلىق كۆزنىكى چىقىدۇ.26-رەسىم





26-رەسىم

بۇ ۋاقىتتا سىستېمىنى يۈتۈنلەي قاچىلاپ بولغان بولغان ۋە لايىھىلەپ بولغان بولىمىز.


## ئىككىنچى WindowsXPنى يۈتۈنلەي يېڭىدىن قاچىلاش

بۇ خىل قاچىلاشتا WindowsXPنىڭ قاچىلاش دىسكىسىنى ئوپتىك دىسكا قوزغاتقۇچقا سالغاندىن كېيىن ئوپتىك دىسكا غول مۇندەرىجىسىدىكى setup·exeھۆججىتىنى قوش چېكىپ ئىجرا قىلىمىز.(بەزىدە ئوپتىك دىسكا ئاپتوماتىك قوزغىلىدۇ) 1-رەسىم




1-رەسىم

بۇچاغدا ئېكراندا تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا پەيدا بولىدۇ.بۇنىڭدىن بىرىنچى تۈر «WindowsXPنى قاچىلاش-安装 Microsoft WindowsXP»نى چېكىمىز. 2-رەسىم




2-رەسىم

بۇ ۋاقىتتا سىستېما دەسلەپكى ئۇچۇر توپلاش هالىتىگە ئۆتىدۇ.ئەگەر WindowsXPنۆۋەتتىكى قاچىلانغان سىستېما هۆججەتلىرى ئىچىدىن دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش هۆججىتىنى تاپالىسا تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ.3-رەسىم




3-رەسىم

دەرىجسنى يۇقرى كۆتۈرۈش ھۆججەتنى تاپالمسا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا كۆرۈنىدۇ.4-رەسىم





4-رەسىم

3-رەسىمدىكى ھالەتتە «升级（推荐）-دەرىجسىنى يۇقرى كۆتۈرۈش»نىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىغا قارىغان قارا رەڭلىك ئۈچبۇلۇڭنى چېكىپ «پۈتۈنلەي يېڭىدىن قاچىلاش-全新安装（螺级）»نى تاللاپ «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.ياكى 4-رەسىمدىكىدەك ھالەتتە «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتا سىستېما ئىشلەتكۈچىلەردىن قاچىلاش كېلىشىمىنى قوبۇل قىلىدىغان-قىلمايدىغانلىقىنى سورايدۇ.5-رەسىم





5-رەسىم

بۇنىڭدىن چوقۇم «مەن بۇ كېلىشىمنى قوبۇل قىلىمەن-我接受俙个协ـــ»نى تاللايمىز.بولمىسا سىستېما قاچىلاشتىن چېكىنىدۇ.تاللاپ بولغاندىن كېيىن «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتا سىستېما ئىشلەتكۈچىلەردىن سىستېمىنىڭ 25خانىدىن تەركىب تاپقان قاچىلاش نومۇرىنى كىرگۈزۈشنى سورايدۇ.6-رەسىم





6-رەسىم

بۇ رامكىدىكى كاتەكچىلەرگە قولىمىزدا بار بولغان WindowsXP نىڭ قاچىلاش نومۇرىنى كىرگۈزىمىز.(ئادەتتە قاچىلاش نومۇرى ئوپتىك دىسكىدا ياكى ئوپتىك دىسكىنىڭ ئۇستىدە بولىدۇ) قاچىلاش نومۇرىنى كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن «كېيىنكى قەدەم-下一步» نى چېكىمىز. 7-رەسىمدىكىدەك





7-رەسىم

ئەگەر قاچىلاش نومۇرى خاتا كىرگۈزۈلۈپ قالسا نومۇر خاتا دېگەن ئۇچۇر چىقىدۇ.توغرا كىرگۈزۈلگەن بولسا «كېيىنكى قەدەم-下一步» نى چەككەندىن تۆۋەندىكىدەك رامكا چىقىدۇ. 8-رەسىم




8-رەسىم


بۇ ئىشلەتكۈچىلەردىن ئىشلەتمەكچى بولغان تىل-يېزىقنى تاللاشنى سورىغان رامكا بولۇپ ئادەتتە «جۇڭگو يېزىقى-中文（中国）»نى تاللاپ «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.ئەگەر قاچىلاش جەريانىدا WindowsXPنىڭ قاچىلاش ھۆججەتلىرىنى ئۈيتېك دىسكىدىن قاتتىق دىسكىغا كۆچۈرۈۋېلىپ تۇرۇپ قاچىلىماقچى ياكى قاچىلاش جەريانىدا WindowsXPنى باشقا رايۇنغا قاچىلىماقچى بولساق مۇشۇ رامكىدىكى «يۇقىرى دەرىجىلىك تاللاش تۈرى-螺级倉塹»نى تاللايمىز. بۇ ۋاقىتتا تۆۋەندىكىدەك رامكا چىقىدۇ. 9-رەسىم




بۇنىڭدىكى قاچىلاش دىسكىسىدىن بارلىق قاچىلاش ھۆججەتلىرىنى قاتتىق دىسكىغا كۆچۈرۈش «安装CD复制所有安装文件»نىڭ ئالدىدىكى كاتەكچىنى تاللاپ «√» بەلگىسىنى قويىمىز.ئاندىن ئۇنىڭ ئاستىدىكى تۈر «مەن قاچىلاش جەريانىدا دىسكا رايۇنىنى تاللايمەن-我想在安装徃程中倉择安装蓌动器号和磁盘分区»دىكى تۈرنى تاللاپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى كاتەكچىگە «√» بەلگىسىنى قويىمىز ۋە مۇقۇملاشتۇرۇش كونۇپكىسىنى چېكىمىز.

9-رەسىم

بۇ ۋاقىتتا يەنە 8-رەسىمدىكى ھالەتكە كېلىمىز.بۇنىڭدىن ئەمدى «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتا سىستېما توردىن يېڭى ھۆججەتلەرنى كۆچۈرۈپ قاچىلاشنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا سورايدۇ.10-رەسىم





10-رەسىم

ئەگەر قاچىلاش ھۆججەتلىرىنى يېڭىلىماقچى بولساق «ھەئە…»نى تاللاپ «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.يېڭىلاشنى خالىمىساق «ياق، …»نى تاللاپ «كېيىنكى قەدەم-下 一 步»نى چېكىمىز.يۇقارقى

باسقۇچلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىستېما كومپيۇتېرنىڭ قاتتىق دىتاللىرىنى بىر قۇر تەكشۈرىدۇ ۋە قاچىلاش تەييارلىق مەشغۇلاتىنى بجىرىشكە باشلايدۇ ئاندىن دەسلەپكى قوزغىتىش پروگراممىلىرىنى قاچىلاشقا باشلايدۇ. هۆججەت كۆچۈرۈش مەشغۇلاتى ئېكراننىڭ سول تەرىپىدە يېشىل رەڭلىك هالەت تالچىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.يېشىل رەڭلىك تالچىنىڭ ئۈستىدە قاچىلاش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت تەتۈر هېساپلاش شەكلىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ9-رەسىم ۋە 10-رەسىم





9-رەسىم




10-رەسىم


سەل ساقلاپ تۇرغانسىدىن كېيىن سىستېما ئاپتوماتىك هالدا قايتىدىن قوزغىلىدۇ 11-رەسىم




11-رەسىم

مۇشۇ ۋاقىتتا كومپيۇتېرنى ئۆزىمىز قوزغاتماقچى بولساق ESCكونۇپكىسىنى باسىمىز.بۇ ۋاقىتتا سىستېما قايتىدىن قوزغالماي Windows 9xنىڭ خىزمەت كۆزنىكىگە قايتىدۇ.بۇ چاغدا سىستېمىنى قايتا قوزغىتىش بۇيرۇقىنى چېكىش ئارقىلىق سىستېمىنى قايتىدىن قوزغاتساق بولىدۇ.بۇ خىل قاچىلاشتا دىققەت قىلىدىغان 2نوقتا بار؛بىرى بۇرۇن قۇرۇلغان رايۇنغا قاچىلاش،يەنە بىرى قاچىلاش جەريانىدا رايۇن قۇرۇپ قاچىلاش


1) بۇرۇن قۇرۇلغان رايۇنغا قاچىلاش. كومپيۇتېر قايتىدىن قوزغولۇپ يەنە بەزىبىر ھۆججەتلەرنى كۆچۈرگەندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ12-رەسىم




12-رەسىم

بۇ يەردە بىۋاستە ENTERكونۇپكىسىنى چېكىمىز. بۇ ۋاقىتتا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر كۆزنەك پەيدا بولىدۇ.


13-رەسىم




13-رەسىم

بۇنىڭدىنمۇ بىۋاستە ENTERكونۇپكىسىنى چېكىمىز.بۇچاغدا ئېكراندا تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ

14-رەسىم





14-رەسىم

بۇ يەردە Cكونۇپكىسىنى چېكىپ داۋاملاشتۇرىمىز.بۇ چاغدا دىسكا ھۆججەت سىستېمىسىنى NTFSقا ئايلاندۇرۇش ياكى ئايلاندۇرماسلىق ھەققىدە ئۇچۇر كۆرۈنىدۇ.15-رەسىمدىكىدەك





15-رەسىم

ئەگەر كومپيۇتېرنى كۆپ سىستېما قوزغىلىدىغان قىلماقچى بولساق«ھازىر بار بولغان ھۆججەت سىستېمىسىنى ساقلاپ قېلىش-保持现有文件系统（无变化）»دىگەننى تاللايمىز.ئەگەر پەقەتلا WidowsXPنىلا ئىشلەتمەكچى بولساق جەزمەن«دىسكا رايونىنى NTFSقا ئايلاندۇرۇش-将磁盘分区佬换为 NTFS»نى تاللايمىز ھەم ENTERكونۇپكىسىنى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتا 16-رەسىمدىكىدەك ھالەت كۆرۈنىدۇ.





16-رەسىم

Cكونۇپكىسىنى چەكسەك 17-رەسىمدىكىدەك كۆرۈنۈش پەيدا بولىدۇ.





17-رەسىم

L كونۇپكىسىنى باسساق سىستېما دىسكىنى تەكشۈرىدۇ ۋە بەزى ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرىدۇ 18-رەسىم





18-رەسىم

ئادەتتە بىر دىسكا رايونىغا ئىككى سىستېمىنى قاچىلىماسلىق كېرەك.باشقا-باشقا رايونغا قاچىلاش كېرەك بولمىسا نەشرى يۇقىرى سىستېما تۆۋەن نەشىردىكى سىستېمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ (18-رەسىمدىكىدەك) ئەگەر باشقا رايون (مەسىلەن :Eدىسكاياكى باشقا دىسكا رايونى) نى تاللىغان بولساق NTFSقا ئايلاندۇرۇش جەريانى 19-رەسىمدىكىدەك كۆرۈنىدۇ.





19-رەسىم

يۇقارقى كۆزنەكتىكى مەزمۇنلار(1) دىسكا رايونىنى NTFS شەكلىدە تېزلىكتە فورماتلاش(2) دىسكا رايونىنى FAT شەكلىدە تېزلىكتە فورماتلاش (3) دىسكا رايونىنى NTFS شەكلىدە فورماتلاش (4) دىسكا رايونىنى FAT شەكلىدە فورماتلاش (5) دىسكا رايونىدىكى هۆججەت شەكلىنى NTFSقا ئايلاندۇرۇش (6) هازىر بار بولغان هۆججەت سىستېمىسىنى ساقلاپ قېلىش.ئەسكەرتىش:ئەگەر بىرلا سىستېما (WindowsXP)نى ئىشلەتمەكچى بولساق چوقۇم دىسكا رايونىنى NTFS شەكلىدە فورماتلاش كېرەك.چۈنكى بۇ خىل هۆججەت شەكلى (Windows2000/XP/2003) قاتارلىق سىستېمىلارئۈچۈن چىقىرىلغان.ئەگەر كومپيۇتېرنى كۆپ خىل سىستېما تەڭ مەۋجۇت بولغان قىلماقچى بولساق هۆججەت شەكلىنى FAT32قىلىپ فورماتلايمىز ياكى ئەسلىدىكى هۆججەت شەكلىFAT32 بولغان بولسا ،ساقلاپ قالىمىز.بۇ يەردە بىرلا سىستېمىنى يېڭىدىن قاچىلاپ ئىشلىتىمەن دىگەن بۇيرۇقنى بەرگىنىمىز ئۈچۈن دىسكا رايونى هۆججەت سىستېمىسىنى NTFS شەكلىدە تېزلىكتە فورماتلاش ياكى دىسكا رايونىنى NTFS شەكلىدە فورماتلاش ۋە ياكى دىسكا رايونىدىكى هۆججەت شەكلىنى NTFSقا ئايلاندۇرۇش دىگەننى تاللاپ ENTER كونۇپكىسىنى چېكىمىز.( بۇ يەردە دىسكا رايونىنى NTFS شەكلىدە فورماتلاش دىگەن تۈر تاللاندى) بۇ ۋاقىتتا تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ.20-رەسىم





20-رەسىم

F كونۇپكىسىنى چەكسەك فورماتلاش باشلىنىدۇ21-رەسىم




21-رەسىم


ئاندىن كىيىن ھۆججەتلەرنى كۆچۈرۈشكە باشلايدۇ .22-رەسىم




22-رەسىم

مۇشۇ باسقۇچتىن كىيىن سىستېما ئاپتوماتىك قاچىلىنىشقا باشلايدۇ.كېيىكى قەدەم باسقۇچلار «دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قاچىلاش» بىلەن ئوخشاش.ئەگەر خالىساق كۆرۈپ ئۆتسەكمۇ بولىدۇ.

يەنە ئازراق ۋاقىت ساقلىغاندىن كىيىن كومپيۇتېرغا سەپلەنگەن ئۈسكۈنىلەرنىڭ پروگراممىلىرىنى قاچىلايدۇ.23-رەسىمدىكىدەك:




23-رەسىم

بۇنى قاچىلاپ بولغاندىن كىيىن تور ئۈلىنىشنى قاچىلايدۇ.24-رەسىم




**24**-رەسىم

بۇ باسقۇچ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىستېما قاچىلىنىش ئاخىرلىشىشقا باشلايدۇ **25**-رەسىم




**25**-رەسىم

ئاندىن «باشلىنىش »تىزىملىكىدىكى تىزىملىكلەرنى قاچىلايدۇ (لايىھىلەيدۇ) **26**- رەسىم




26-رەسىم

يۈقارقى مەشغۇلاتلاردىن كېيىن ھەر قايسى قىسىملارنى تىزىملايدۇ. 27-رەسىم




27-رەسىم

ھەممە لايىھىلەشنى ساقلايدۇ.28-رەسىم




28-رەسىم

سىستېمىنى قاچىلاش جەريانىدا كۆچۈرگەن زاپاس ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرىدۇ.29-رەسىم




29-رەسىم

يۇقارقى مەشغۇلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىستېما قاچىلىنىش ئاخىرلىشىپ سىستېما قايتىدىن قوزغىلىدۇ.30-رەسىم





30-رەسىم

ئەمدى بىز سىستېمىنىڭ ئۆزىمىز قول ئارقىلىق لايىھەلىشلىرىنى ئېلىپ بارىمىز.31-رەسىم





31-رەسىم

بۇنىڭدىن «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتا تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ.32-رەسىم




32-رەسىم

بۇ رەسىمدىكى كۆرۈنۈش WindowsXPنىڭ يېڭى ئىقتىدارلىرىنى ھەر ۋاقىت توردىن چۈشۈرۈپ يېڭىلاپ تۇرۇشنى لايىھىلىيدىغان كۆچەيتىلگەن ئىقتىدارى بولۇپ سىستېمىنى ھەرخىل ۋىرۇسلارنىڭ ۋە «قارا مېھمان-廑 客»لارنىڭ ھوجۇمىدىن ساقلاش ۋە سىستېمىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان.بۇ تۈرنى مۇمكىن قەدەر تاللايمىز ۋە «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىزبۇ ۋاقىتتا تور ئۇلىنىشىنى لايىھەلەش كۆزنىكى چىقىدۇ.33-رەسىم





33-رەسىم

بۇنىڭدىن ئۆزىمىزنىڭ ئازۇسى بويىچە تور ئۇلىنىشنى تاللايمىزۋە «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز بۇ ۋاقىتتا سىستېمىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش كۆزنىكى چىقىدۇ.بۇنىڭدىنمۇ بىر خىل تۈرنى تاللاپ «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.مەسلەن:«مەن هازىر تىزىملاتمايمەن- 否-现在不注册»**34**-رەسىم




**34**-رەسىم

بۇ ۋاقىتتا سىستېمىغا ئىشلەتكۈچى نامى كىرگۈزۈش رامكىسى چىقىدۇ.بۇ كۆزنەككە ئۆزىمىز خالىغان بىر ئىسىم كىرگۈزىمىز.**35**-رەسىم




**35** -رەسىم

ئىسىم كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتا لايىھىلەش ئاخىرلاشقانلىق كۆزنىكى چىقىدۇ.36-رەسىم




36-رەسىم

بۇ ۋاقىتتا سىستېمىنى پۈتۈنلەي قاچىلاپ بولغان ۋە لايىھىلەپ بولغان بولىمىز.


2.يېڭىدىن رايۇق قۇرۇپ قاچىلاش

يېڭىدىن رايۇن قۇرۇپ قاچىلاشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى يۇقارقى باسقۇچلار بىلەن ئوخشاش،پەقەت 13-رەسىمدىكى ھالەتكە كەلگەندە ئەگەر دىسكارايۇننى ئۆچۈرۈپ باشقىدىن رايۇنلارغا ئايرىپ قاچىلىماقچى بولساق، شۇ رايۇننى تاللاپ بۇ تۇردىن «تاللانغان دىسكا رايۇننى ئۆچۈرۈش-删嚛所倉磁盘分区「按 D» دىگەن تۈرنى چېكىمىز.(D نى چېكىمىز) 1-رەسىم




1-رەسىم

بۇ ۋاقىتتا ئېكراندا تۆۋەندىكىدەك رامكا چىقىدۇ2-رەسىم





2-رەسىم

بۇيەردە بىۋاستە قايتۇرۇش كونۇپكىسىنى چېكىمىز.بۇ چاغدا يەنە تۆۋەندىكىدەك رامكا چىقىدۇ.3-رەسىم




3-رەسىم

ئەگەر دىسكا رايۇننى راستىنلا ئۆچۈرمەكچى بولساق Lكونۇپكىسىنى چېكىمىز.بۇ چاغدا 4-رەسىمدىكىدەك




**4**-رەسىم


ئەمدى يىغىدىن دىسكا رايۇنى قۇرىمىز. بۇنىڭ ئۇچۇن C كونۇپكىسىنى چەكسەك تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ.**6**-رەسىم




**6**-رەسىم


رەسىمدىكى **5005**دىگەن رەقەمنىڭ ئورنىغا **5005**تىن ئېشىپ كەتمىگەن **4**خانىلىق سان كىرگۈزۈپ قايتۇرۇش

كونۇپكىسىنى چەكسەك تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ.7-رەسىم





7-رەسىم

ئەگەر دىسكا رايونىنىڭ چوڭلۇقىنى تەڭشىمەكچى بولساق يەنە ئۆچۈرۈش دىگەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىمىز. قاچىلاشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولساق Enterكونۇپكىسىنى باسىمىز.بۇچاغدا دىسكا رايونىنى فورماتلاش توغرىسىدا ئۆچۈر كۆزنىكى چىقىدۇ.بۇنىڭدىنمۇ ماس بولغان تۈرنى تاللاپ داۋاملاشتۇرىمىز.8-رەسىم




8-رەسىم

ئاندىن كىيىن ھۆججەتلەرنى كۆچۈرۈشكە باشلايدۇ. 9-رەسىم





9-رەسىم

مۇشۇ باسقۇچتىن كېيىن سىستېما ئاپتوماتىك قاچىلىنىشقا باشلايدۇ. يەنە ئازراق ۋاقىت ساقلىغاندىن كېيىن كومپيۇتېرغا سەپلەنگەن ئۈسكۈنىلەرنىڭ پروگراممىلىرىنى قاچىلايدۇ.10-رەسىمدىكىدەك.




10-رەسىم

بۇنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن تور ئۈلىنىشىنى قاچىلايدۇ.11-رەسىم




11-رەسىم

بۇ باسقۇچ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىستېما قاچىلىنىش ئاخىرلىشىشقا باشلايدۇ 12-رەسىم




12-رەسىم

ئاندىن «باشلىنىش »تىزىملىگىدىكى تىزىملىكلەرنى قاچىلايدۇ (لايىھىلەيدۇ) 13- رەسىم




13-رەسىم

يۇقارقى مەشغۇلاتلاردىن كېيىن ھەر قايسى قىسىملارنى تىزىملايدۇ. 14-رەسىم




14-رەسىم

ھەممە لايىھىلەشنى ساقلايدۇ.15-رەسىم




15-رەسىم

سىستېمىنى قاچىلاش جەريانىدا كۆچۈرگەن زاپاس ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرىدۇ.15-رەسىم




15-رەسىم

يۇقارقى مەشغۇلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىستېما قاچىلىنىش ئاخىرلىشىپ سىستېما قايتىدىن قوزغىلىدۇ.16-رەسىم





16-رەسىم

ئەمدى بىز سىستېمىنىڭ ئۆزىمىز قول ئارقىلىق لايىھەلەشلىرىنى ئېلىپ بارىمىز.17-رەسىم




17-رەسىم

بۇنىڭدىن «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتاتۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ.18-رەسىم




18-رەسىم

بۇ رەسىمدىكى كۆرۈنۈش WindowsXPنىڭ يېڭى ئىقتىدارلىرىنى ھەر ۋاقىت توردىن چۈشۈرۈپ يېڭىلاپ تۇرۇشنى لايىھىلىيدىغان كۆچەيتىلگەن ئىقتىدارى بولۇپ سىستېمىنى ھەرخىل ۋىرۇسلارنىڭ ۋە «قارا مېھمان-廛 客»لارنىڭ ھوجۇمىدىن ساقلاش ۋە سىستېمىنىڭ بىخەتەرلىگىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان.بۇ تۈرنى مۇمكىن قەدەر تاللايمىز ۋە «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىزبۇ ۋاقىتتا تور ئۇلىنىشىنى لايىھىلەش كۆزنىكى چىقىدۇ.19-رەسىم




19-رەسىم


بۇنىڭدىن ئۆزىمىزنىڭ ئازۇسى بويىچە تور ئۇلىنىشىنى تاللايمىزۋە «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز بۇ ۋاقىتتا سىستېمىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش كۆزنىكى چىقىدۇ.بۇنىڭدىنمۇ بىر خىل تۈرنى تاللاپ «كېيىنكى

قەدەم-«下一步»نى چېكىمىز.مەسىلەن:«مەن ھازىر تىزىملاتمايمەن -否-现在不注册»20-رەسىم




20-رەسىم

بۇ ۋاقىتتا سىستېمىغا ئىشلەتكۈچى نامى كىرگۈزۈش رامكىسى چىقىدۇ.بۇ كۆزنەككە ئۆزىمىز خالىغان بىر ئىسىم كىرگۈزىمىز.21-رەسىم




21 -رەسىم

ئىسىم كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتا لايىھىلەش ئاخىرلاشقانلىق كۆزنىكى چىقىدۇ.22-رەسىم





22-رەسىم

بۇ ۋاقتتا سىستېمىنى پۈتۈنلەي قاچىلاپ بولغان ۋە لايىھىلەپ بولغان بولىمىز.


## ئۈچىنچى WindowsXPنى پاكىز قاچىلاش

ئالدى بىلەن WindowsXPنىڭ دىسكىسىنى ئوپتىك دىسكا قوزغاتقۇچقا سېلىپ كومپيۇتېرنى قايتىدىن قوزغىتىپ، CMOSتىكى قوزغىلىش تەرتىۋىنى ئوپتىك دىسكا ئارقىلىق قىلىپ قوزغىتىمىز.(ھازىر كۆپىنچە كۆپ ئىقتىدارلىق قوزغىتىش دىسكىلىرى بارلىققا كېلىۋاتىدۇ)كومپيۇتېر قوزغىلىش بىلەنلا سىستېما قاچىلىنىشقا باشلايدۇ ياكى كۆپ ئىقتىدارلىق قوزغىتىش دىسكىسىدىكى كۆرسەتمىلەر بويىچە مەشغۇلات قىلساق سىستېما قاچىلىنىشقا باشلايدۇ.1-رەسىم





1-رەسىم

سەل ساقلىغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك كۆرۈنۈش چىقىدۇ.2-رەسىم





2-رەسىم

ئەگەر بۇرۇن قاچىلانغان WindowsXPسىستېمىسىنى رېمونت قىلىدىغان بولساق 2-تۈرنى تاللايمىز. ئەگەر WindowsXPنى يېڭىدىن قاچىلايدىغان بولساق Enterكونۇپكىسىنى بېسىپ داۋاملاشتۇرىمىز.3-رەسىم




3-رەسىم

قاچىلاش كېلىشىمىنى قوبۇل قىلىدىغان قىلمايدىغانلىقىمىزنى سورايدۇ.بۇنىڭغا «قوشۇلىمەن» دېگەن جاۋاپ ئۈچۈن F 8 كونۇپكىسىنى باسىمىز.ئاندىن تۆۋەندىكىدەك رامكا چىقىدۇ.4-رەسىم





4-رەسىم

قاچىلايدىغان رايۇننى تاللاپ قاچىلاشنى داۋاملاشتۇرىمىز.

دىسكا رايۇننى تاللاش،ئۆچۈرۈش،يېڭىدىن قۇرۇش قەدەم باسقۇچلىرىنى يۇقىرىدا تونۇشتۇردۇق، بۇ يەردە كۆپ تەكىتلىمەيمىز.مۇشۇ باسقۇچتىن كېيىنكى مەزمۇنلار يۇقىرىدا سۆزلەنگەن باسقۇچلار بىلەن ئوخشاش. شۇ قىسمىدىن كۆرۈپ پايدىلىنىشىڭلارنى سورايمەن.


ئەگەر خالىساق كۆرۈپ باقساق بولىدۇ.

بۇ تۈردىن «تاللانغان دىسكا رايۇننى ئۆچۈرۈش-D 「按 删嘜所倉磁盘分区» دېگەن تۈرنى چېكىمىز.(D نى چېكىمىز) 5-رەسىم





5-رەسىم

بۇ ۋاقىتتا ئېكراندا تۆۋەندىكىدەك رامكا چىقىدۇ6-رەسىم





6-رەسىم

بۇيەردە بىۋاستە قايتۇرۇش كونۇپكىسىنى چېكىمىز.بۇ چاغدا يەنە تۆۋەندىكىدەك رامكا چىقىدۇ.7-رەسىم




7-رەسىم

ئەگەر دىسكا رايونىنى راستىنلا ئۆچۈرمەكچى بولساق Lكونۇپكىسىنى چېكىمىز.بۇ چاغدا 8-رەسىمدىكىدەك رامكا چىقىدۇ





8-رەسىم

ئەمدى يېڭىدىن دىسكا رايونى قۇرىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن C كونۇپكىسىنى چەكسەك تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ9-رەسىم





9-رەسىم

رەسىمدىكى 5005دىگەن رەقەمنىڭ ئورنىغا 5005تىن ئېشىپ كەتمىگەن 4خانىلىق سان كىرگۈزۈپ قايتۇرۇش كونۇپكىسىنى چەكسەك تۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ.10-رەسىم





10-رەسىم

ئەگەر دىسكا رايونىنىڭ چوڭلۇقىنى تەڭشىمەكچى بولساق يەنە ئۆچۈرۈش دىگەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىمىز. قاچىلاشنى داۋاملاشتۇماقچى بولساق Enterكونۇپكىسىنى باسىمىز.بۇچاغدا دىسكا رايونىنى فورماتلاش توغرىسىدا ئۇچۇر كۆزنىكى چىقىدۇ.بۇنىڭدىنمۇ ماس بولغان تۈرنى تاللاپ داۋاملاشتۇرىمىز11-رەسىم




11-رەسىم

ئاندىن كېيىن ھۆججەتلەرنى كۆچۈرۈشكە باشلايدۇ. 12-رەسىم





12-رەسىم

مۇشۇ باسقۇچتىن كېيىن سىستېما ئاپتوماتىك قاچىلىنىشقا باشلايدۇ. يەنە ئازراق ۋاقىت ساقلىغاندىن كېيىن كومپيۇتېرغا سەپلەنگەن ئۈسكۈنىلەرنىڭ پروگراممىلىرىنى قاچىلايدۇ.13-رەسىمدىكىدەك:




13-رەسىم

بۇنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن تور ئۈلىنىشىنى قاچىلايدۇ.14-رەسىم




14-رەسىم

بۇ باسقۇچ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىستېما قاچىلىنىش ئاخىرلىشىشقا باشلايدۇ 15-رەسىم




15-رەسىم

ئاندىن «باشلىنىش»تىزىملىگىدىكى تىزىملىكلەرنى قاچىلايدۇ (لايىھىلەيدۇ) 16- رەسىم




17-رەسىم

يۇقارقى مەشغۇلاتلاردىن كېيىن ھەر قايسى قىسىملارنى تىزىملايدۇ. 18-رەسىم




18-رەسىم

ھەممە لايىھىلەشنى ساقلايدۇ.19-رەسىم




19-رەسىم

سىستېمىنى قاچىلاش جەريانىدا كۆچۈرگەن زاپاس ھۆججەتلەرنى ئۆچۈرىدۇ.20-رەسىم




21-رەسىم

يۇقارقى مەشغۇلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىستېما قاچىلىنىش ئاخىرلىشىپ سىستېما قايتىدىن

قوزغىلىدۇ.22-رەسىم





23-رەسىم

ئەمدى بىز سىستېمىنىڭ ئۆزىمىز قول ئارقىلىق لايىھەلەشلىرىنى ئېلىپ بارىمىز.24-رەسىم




24-رەسىم

بۇنىڭدىن «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتاتۆۋەندىكىدەك بىر رامكا چىقىدۇ.25-رەسىم




25-رەسىم

بۇ رەسىمدىكى كۆرۈنۈش WindowsXPنىڭ يېڭى ئىقتىدارلىرىنى ھەر ۋاقىت توردىن چۈشۈرۈپ يېڭىلاپ تۇرۇشنى لايىھىلەيدىغان كۆچەيتىلگەن ئىقتىدارى بولۇپ سىستېمىنى ھەرخىل ۋىرۇسلارنىڭ ۋە «قارا مېھمان-廑客»لارنىڭ ھوجۇمىدىن ساقلاش ۋە سىستېمىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان.بۇ تۈرنى مۇمكىن قەدەر تاللايمىز ۋە «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىزبۇ ۋاقىتتا تور ئۇلىنىشنى لايىھىلەش كۆزنىكى چىقىدۇ.26-رەسىم




26-رەسىم


بۇنىڭدىن ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسى بويىچە تور ئۇلىنىشنى تاللايمىزۋە «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز

بۇ ۋاقتتا سىستېمىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش كۆزنىكى چىقىدۇ.بۇنىڭدىنمۇ بىر خىل تۈرنى تاللاپ «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.مەسىلەن:«مەن ھازىر تىزىملاتمايمەن- 否-现在不注册»27-رەسىم




27-رەسىم

بۇ ۋاقىتتا سىستېمىغا ئىشلەتكۈچى نامى كىرگۈزۈش رامكىسى چىقىدۇ.بۇ كۆزنەككە ئۆزىمىز خالىغان بىر ئىسىم كىرگۈزىمىز.28-رەسىم




28 -رەسىم

ئىسىم كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن «كېيىنكى قەدەم-下一步»نى چېكىمىز.بۇ ۋاقىتتا لايىھىلەش

ئاخىرلاشقانلىق كۆزنىكى چىقىدۇ.29-رەسىم




29-رەسىم

بۇ ۋاقىتتا سىستېمىنى پۈتۈنلەي قاچىلاپ بولغان ۋە لايىھىلەپ بولغان بولىمىز.

شۇنداق قىلىپ،بىز WindowsXPنى قاچىلاشنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇنىڭدىن باشقاWindows 2000/2003لارمۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق قاچىلىنىدۇ.

قېنى سىزمۇ سىناپ بېقىڭ.چوقۇم كومپيۇتېرىڭىزدىكى سىستېمىنى ئۆزىڭىز قاچىلىيالايسىز.

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە ئوپال ئوتتۇرا مەكتەپتىن : ئابدۇغوپۇر ئابدۇكېرىم

ئېلېكتىرونلۇق خەت ساندۇقى: abdughopur@126.com

QQ:531034748